# ھەرقانداق كىشىنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇققا بوھتان چاپلىشىغا، قارا چاپلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى نەزەرگە ئالمىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، ئۇنىڭغا يول قويغانلىق بولۇپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازار بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمى، زومىگەرلىك لوگىكىسى ۋە يەككە تەرەپچىللىك قىلمىشىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكا تەرەپنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلەشتەك رەزىل قىلمىشىغا كۈچلۈك غەزەپلەنگەنلىكىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى، قاتتىق، كەسكىن ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق ھەممىدىن ئېنىق بىلىدۇ، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە! تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىناقلىقىغا، ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. مۇشۇ پەيتتە، ئامېرىكا تەرەپ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدىكى بىر قاتار زوراۋانلىق قىلمىشىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىككە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، مېنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا شۇنى سورىغۇم كېلىدۇكى، ئەزەلدىن ئۆزۈڭلارنى ئىنسانىيەتنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ماختاپ ئۇچۇرۇپ يۈرگەن سىلەر، ئەمدى قەيەرگە كەتتىڭلار؟ بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىلدە جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باش تېمىسىدىكى «جۇڭگو شىنجاڭ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى» «پەردە ئارقىسىدىكى قارا قول ـ ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى› ۋە شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق» ناملىق ئىككى ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئىزچىل «شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە»گە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان غەرب تەرەپ ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرى بۇ ھەقتە كوللېكتىپ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ، تاللاش خاراكتېرلىك گاس، كور بولۇۋالدى، بۇ نېمىدېگەن ساختا، شەخسىيەتچى كۈلكىلىك ئويۇن ـ ھە، ھەقىقەتەن بىر مەيدان رەزىللىك بىلەن ئوينالغان رېئال نۇسخىدىكى قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش ئويۇنىدۇر.

مۇرەككەپ، كەسكىن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى ئالدىدا، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، كۈچەپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى دەل تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپ ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىش، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، دەل پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي ئەسەبىيزم بىلەن يۇقۇملانغان ھەمدە قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى تاشلىۋەتمىدى، بەلكى ئۇلارنى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سىستېمىلىق، ھەقسىز كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش قاتارلىق ئاساسىي ئېھتىياجى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسى، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. ھازىر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»كە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئورۇنلاشتى. بۇ يىل 5 ـ ئايدا، مەن خوتەن ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەربىيەنى تاماملىغان بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن سىرداشتىم، ئۇلار بەس ـ بەستە: ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق، قايسى ئىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، قايسى ئىشنى قىلىش كېرەكلىكىنى، قايسى ئىشنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىۋالدۇق، تىرىكچىلىك قىلىشتىكى يېڭى ماھارەتنى ئۆگىنىۋالدۇق، خىزمىتىمىز بار بولدى، مۇقىم كىرىمىمىز بار بولدى، نورمال كىشىلەردەك تۇرمۇش كەچۈردۇق، كەلگۈسىگە نىسبەتەن تەلپۈنۈش ۋە ئىشەنچكە تولدۇق، دەپ بىلدۈرۈشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئامېرىكا يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاش ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ، يەل بېرىشكە ئۇرۇندى. مېنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلاردىن شۇنى سورىغۇم كېلىدۇكى، ئەجەبا سىلەرگە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتى پەقەت ئۇلارنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۈشتەك تۇيۇق يولغا باشلايدىغانلىقى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتى بەدەل تۆلىشى مۇمكىنلىكى ئايان ئەمەسمۇ، مانا بۇ سىلەر ئېيتقان ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشمۇ؟ بۇ قانداق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى؟ نېمىدېگەن بىمەنىلىك!

ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىر قىسىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 71 تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپا، 90 نەچچە دۆلەتنىڭ 1000دىن ئارتۇق ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس خادىمىغا خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىگە ئاكتىپ باھا بەردى، ئۇلار شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يېقىن ئارىلىقتىن ھېس قىلىپ، بىردەك: شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يامراش ئاساسى ۋە شارائىتىنى يوقىتىپتۇ، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشقانلىق، دەپ قارىدى. بۇ يەردە، مېنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن شۇنى سورىغۇم كېلىدۇكى، سىلەر شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ سىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا كەلسە ـ كەلمەس بىلجىرلايدىغانغا نېمە سالاھىيىتىڭلار بار؟

شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ھازىرقى شىنجاڭدا، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. 2018 ـ يىلى، شىنجاڭ ئىشقا ئاشۇرغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەن بولۇپ، تارىختىكى يېڭى پەللە ياراتتى. ساياھەتچىلىكتە شىددەتلىك ئېشىش كۆرۈلدى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% ئاشتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇھىت ئاسراشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ يىل 606 مىڭ 100 نامرات ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 300 مىڭ كىشىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، يېرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالىنى سىجىل ياخشىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت ئادەتتىكى ئاممىۋى مالىيە خامچوت چىقىمىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، شەھەر ـ بازارلاردا 474 مىڭ ئادەم قېتىم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9%كە يەتتى؛ ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئىللىق، ئىناق چوڭ ئائىلىدە بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا مەزمۇت قەدەم تاشلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ، قوغداپ، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، دىنلارنىڭ ئىجىللىقى، ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ قايسىبىرى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئەمەس، ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، قارىسىغا ئەيىبلەپ، خالىغانچە بوھتان چاپلىدى، بۇنداق قىلىش پەقەت ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بولىدۇ.

مەن ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق ۋىجدانسىز تاراتقۇلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇنداق بىمەنە، كۈلكىلىك سىياسىي ئويۇنۇڭلارنى توختىتىڭلار، بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ، گۆدەكلەرچە خام خىيال قىلماڭلار. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغانلا بولسا، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەزمۇت قەدىمىنى ھېچنېمە توسۇپ قالالمايدۇ! ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست ئاخىر يوققا چىقىدۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئارازلىق سالىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان، شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق رەزىل سۈيىقەست ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولىدۇ! جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىلىنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى نامراتلارنى يۆلەش، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار يوللىغان 2020 ـ 2019 ـ يىلى يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە قاتارلىق تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ئوبيېكتنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجى سانلىق مەلۇماتىنى «ئىككىنى يۇقىرىغا يوللاش، ئىككىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش» بويىچە سېلىشتۇرۇپ، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 162 مىڭ 400 ئائىلىلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ، پۈتۈن يىللىق پىلان ـ ۋەزىپىنىڭ 81%نى ئىگىلىدى. ۋەزىپىنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 9355 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «تۇرالغۇ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز پىلان، ۋەزىپە، مەبلەغدە مايىللىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈردى.» ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى يېزا ـ بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ شاۋئېي مۇنداق دېدى: يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. تۈرلۈك مەبلەغنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆي قۇرۇلمىسى بىخەتەر، ئىشلىتىلىش ئىقتىدارى تولۇق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا قولايلىق بولغان يېڭى يېزىلار قۇرۇلۇپ، «مەينەت، قالايمىقان، ناچار» بولغان كونا قىياپەت ئۈنۈملۈك ياخشىلاندى.

«2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ‹13 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلان نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى بىلەن تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى جاڭ شاۋئېي.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەرلەر توپى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەۋزەل رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە نوپۇس كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، باشقا رايونلارنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى، چېگرا رايون بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىساد ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەنگەن: رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مېخانىزمىنى كۆپ جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەت تەرتىپلىك بولغان تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللار بازىرىنى شەكىللەندۈرۈش، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش پىلانلاشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش، يەر باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئېنېرگىيە ئىستېمالىنى قوش تىزگىنلەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىش، مالىيە يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن: شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر قوللىنىپ، شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بايلىقنى ئۈنۈملۈك بىرىكتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭشەپ، تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ئالدىنقى سېپى يارىتىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنى توغرا يۆنىلىشتە رىغبەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئېنىق ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇپ، شەرقىي شىمالنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يۆتكەش ـ ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىش ئىشلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قېلىپلاشتۇرۇش، تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق ئىبارەت ئالتە جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قويۇق كەيپىياتنى بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خاتىرجەم، تىنچ، كۆڭۈللۈك ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇھىت يارىتىش تەلەپ قىلىندى. ئۆلكە دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر «پىكىر»نىڭ روھىغا ئاساسەن، يۈك يېنىكلىتىش كونكرېت تىزىملىكى تۈزۈپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى پۈختا ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاشتى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئىجادىي تەرەققىيات، ماس تەرەققىيات، يېشىل تەرەققىيات، ئوچۇق تەرەققىيات، ھەمبەھىرە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. يېڭى دەۋردە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش شەرت.

پۈتۈن پارتىيە جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى، دۆلىتىمىز تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچتىن ئىبارەت بۇ بىر تۈرلا بار ئەمەس، بۇ دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكى، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى ھەرخىل تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك، ئادەتتە ھالدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بويىچە قەھرىمان ھېسابلىنىدىغان كونا يولغا قايتىشقا قەتئىي بولمايدۇ، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بەدىلىگە ئاتالمىش تەرەققىي قىلىشتەك ئۇسۇلغا قايتىشقا قەتئىي بولمايدۇ، يىرىك شەكىلدىكى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە قايتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ بەش چوڭ تەرىپى ھەم ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىغا ئىگە، تېخىمۇ مۇھىمى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، قايسىبىر تەرەققىيات ئىدىيەسى جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلمىسا، تەرەققىيات مۇساپىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئەتراپلىق كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، بىر ئىش بىلەنلا مەشغۇل بولۇش ئىدىيەسىنى يېڭىش كېرەك، بىر نۇقتىنىڭلا غېمىنى يەپ قالغانلىرى بىلەن كارى بولماسلىققا بولمايدۇ. ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، مۇھىم، زور سىياسەتلەرنى چىقىرىش ۋە تەڭشەشتە ئۇنىۋېرسال تەسىرىنى باھالاش كېرەك، «ئالدىراپ ئىش قىلىش»قا، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش»كە بولمايدۇ. سىياسەتلەرنى تامغا ئېسىپ قويۇشقىلا بولمايدۇ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ھەرخىل شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتكەن ـ كۈچەيتمىگەنلىكى، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتقان ـ چىڭىتمىغانلىقى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرغان ـ ئاشۇرمىغانلىقىنى سىناشتىكى مۇھىم ئۆلچەم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئېنىق چۈشىنىشى، ئادەتلەشتۈرۈشى، نەقلەشتۈرۈشى كېرەك.

بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە، ھەرىكەتكە كېلىش ھەممىدىن مۇھىم. مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يەنىمۇ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرسەكلا، بىز چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**